7 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ۋۇخەندە داغدۇغىلىق باشلاندى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پۈتۈن مەيداندا ئالقىش، تەنتەنە سادالىرى كۆتۈرۈلدى. جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىدە جەمئىي 553 كىشى بولۇپ، بۇ نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىكى مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان تەنھەرىكەتچىلەر ئەڭ كۆپ ۋەكىللەر ئۆمىكى.

«جەۋلان قىلار بەش يۇلتۇزلۇق قىپقىزىل بايراق، غەلىبە كۈيىمىز شۇ قەدەر ياڭراق...» «ۋەتەنگە مەدھىيە» ناملىق ياڭراق ناخشا ساداسىغا جور بولۇپ، 16 ھۆرمەت قاراۋۇللى مەزمۇت قەدەملەر بىلەن، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىقى، خەلقئارا ھەربىي ئىشلار تەنھەرىكەت كېڭىشىنىڭ كېڭەش بايرىقىنى قوغداپ نەق مەيدانغا كىردى. رەئىس سەھنىسى ئالدىدىن ئۆتكەندە، ھۆرمەت قاراۋۇللىرى بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ھۆرمەت قەدەم بىلەن ماڭدى. ھەيۋەتلىك جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت شېئىرى ساداسى ئىچىدە، چاقناپ تۇرغان بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلدى. ئارقىدىن، خەلقئارا ھەربىي ئىشلار تەنھەرىكەت كېڭىشىنىڭ كېڭەش ناخشىسى ئورۇنلىنىپ، خەلقئارا ھەربىي ئىشلار تەنھەرىكەت كېڭىشىنىڭ كېڭەش بايرىقى چىقىرىلدى.

7 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شۈ چىلياڭ سۆز قىلىپ، تەشكىلىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن تەنھەرىكەتچى، تىرېنېر ۋە مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

خەلقئارا ھەربىي ئىشلار تەنھەرىكەت كېڭىشىنىڭ رەئىسى پىچىرىلو سۆز قىلىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى، جۇڭگو ئارمىيەسى ۋە خۇبېي ئۆلكىسى، ۋۇخەن شەھىرىنىڭ بۇ نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۈچۈن كۆڭۈل قويۇپ تەييارلىق قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى، تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى باخ سىنلىق سۆز قىلىپ مۇنداق بىلدۈردى: بۇ نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىغا توغرا كەلدى، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جۇڭگو خەلقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن، تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈشىگە تىلەكداشمەن.

خەلقئارا ھەربىي ئىشلار تەنھەرىكەت كېڭىشىنىڭ بايرىقى ئالدىدا، جۇڭگو ئاياللار ۋالىبول تەنھەرىكەتچىسى يۈەن شىنيۆ، خەلقئارا دەرىجىلىك ۋاسكېتبول رېپېرى ۋېن كېمىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغان تەنھەرىكەتچىلەرگە، رېپېرلارغا ۋاكالىتەن قەسەم بەردى.

سائەت 21 ئەتراپىدا، شى جىنپىڭ: «7 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى باشلاندى!» دەپ جاكارلىدى، پۈتۈن مەيداندا گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراپ، تەنتەنە ئۇزاققىچە توختىمىدى.

دوستلۇقتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇپ، تىنچلىقنى ئورتاق بەرپا قىلىش. نەق مەيداندا قويۇلغان 7 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ تەشۋىقات فىلىمىدە، ئىلگىرىكى ھەر نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىنىڭ ئەھۋالى ئەسلەپ ئۆتۈلدى، جۇڭگو ئارمىيەسىنىڭ دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش مۇساپىسى تونۇشتۇرۇلدى.

ئارقىدىن باشلىنىش مۇراسىمىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت نومۇرى «تىنچلىق مەشئىلى» باشلاندى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت نومۇرلىرىنىڭ ئالدىنقى قىسمى «ھەيۋەتلىك خۇاشيا . مەڭگۈ ياشناش» بولۇپ، مەدەنىيلىك نۇرى، خې خې يولى، سۈرەتتەك گۈزەل تاغ ـ دەريالار، يىپەك يولى، ئۇچقۇن ئوتىدىن ئىبارەت بەش نومۇرغا بۆلۈنگەن، تارىخنى ئەسلەش ئارقىلىق ئۇزاق تارىخقا ئىگە خۇاشيا مەدەنىيلىكى ۋە مول، چوڭقۇر جۇڭگو قەدىمكى زامان ھەربىي ئىشلار مەدەنىيىتى ھەم ئۇنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن قوشقان مۇھىم تۆھپىسى نامايان قىلىندى. كېيىنكى قىسمى «يوللار تۇتاش . گۈزەللىكلەردىن ئورتاقلىشىش» بولۇپ، تىنچلىق قوشۇنى، يېڭى زېمىن، «بىر بەلباغ، بىر يول»، ئورتاق تەقدىر، قاناتلانغان ئارزۇدىن ئىبارەت بەش نومۇرغا بۆلۈنگەن، كەلگۈسىگە نەزەر سېلىش ئارقىلىق، خەلق ئارمىيەسىنىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئارمىيەنى گۈللەندۈرۈشتىكى يېپيېڭى قىياپىتى نامايان قىلىنىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ گۈللىنىشكە يۈزلەنگەن قۇدرەتلىك قىياپىتى نامايان قىلىنىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش قەتئىي ئېتىقادى يەتكۈزۈلدى. پۈتۈن مەيدان ئويۇندا ئانا دەريا ۋە سېرىق توپىلىق يەر ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ، رەڭگارەڭ چىراغ نۇرى سەھنە ئۈنۈمى ئارقىلىق «جۇڭخۇا ئانا» ئوبرازىنى يارىتىپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد جۇڭخۇا پەرزەنتلىرىنىڭ تىنچلىققا ئىنتىلىش، تىنچلىقنى قوغداشتەك گۈزەل ئارزۇسى ۋە بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكى ئىپادىلەندى.

سائەت 22 ئەتراپىدا، مەشئەلنى مەيدان ئىچىدە يەتكۈزۈش ۋە ئاساسىي مەشئەلنى ياندۇرۇش مۇراسىمى باشلاندى. 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى دۇنياغا كەلگەن جاي جياڭشى نەنچاڭدىن ئېلىنغان مۇقەددەس ئوت، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كۆپلىگەن شەھەرلەر ۋە ھەربىي گازارمىلاردا يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ئەڭ ئاخىردا ۋۇخەن تەنتەربىيە مەركىزىگە يەتكۈزۈلدى.

ھەممىنىڭ نەزەرىدە، كۆپ قېتىم ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە چېمپىيون بولغان ۋە دۇنيا تىكتاك توپ مۇسابىقىسىنىڭ ئەرلەر يەككە تۈر مۇسابىقىسىنىڭ چېمپىيونى بولغان ۋاڭ خاۋ، 26 قېتىم قارىغا ئېتىش دۇنيا چېمپىيونى بولغان جىن يۈڭدې، ئون قېتىم خەلقئارالىق ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ھەربىي ئىشلار بەش تۈرى دۇنيا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىنىڭ چېمپىيونى بولغان ۋاڭ تاۋلىن، ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ سۇ ئۈزۈش چېمپىيونى بولغان ھەم ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىغان جياۋ لىيۇياڭ، دۇنيا لوڭقىسىنى تالىشىش ئاياللار ۋالىبول مۇسابىقىسىنىڭ چېمپىيونى بولغان جۇڭگو ئاياللار ۋالىبول كوماندىسىنىڭ ئەزاسى ياڭ جۈنجىڭ، «ئاسىيا پۇتبول خانقىزى» نامىغا ئېرىشكەن ۋۇخەنلىك ئايال پۇتبولچى ۋاڭ شۇاڭ، ئىككى قېتىم ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بايراقچىسى بولغان لىيۇ يۈدۇڭ قاتارلىق يەتتە نەپەر مەشئەل يەتكۈزگۈچى مەشئەلنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پۈتۈن مەيداندىكى تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە كۆچ ئۇلاپ يەتكۈزدى. تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ بىر بۇرجىكىدە، «خې خې» ناملىق مەشئەل مۇنارى ئېگىز ۋە ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بىر ئۆسمۈر قىزنىڭ «تىنچلىق» دېگەن ئىككى خەت نەقىشلەنگەن تاختىنى يەرگە قويۇشى بىلەن تەڭ، لەرزان مۇزىكا ساداسى ياڭراپ، مەشئەل مۇنارىغا تۇتىشىدىغان پەلەمپەيلەر يورۇدى. ئەڭ ئاخىرقى مەشئەل يەتكۈزگۈچى لىيۇ يۈدۇڭ مەشئەل مۇنارى ئالدىغا كېلىپ، پۈتۈن مەيداندىكى تاماشىبىنلارغا قول ئىشارىتى بىلەن ئېھتىرام بىلدۈردى ھەم مەشئەل مۇنارىغا ئوت تۇتاشتۇردى. مۇقەددەس ئوت، «بىر بەلباغ، بىر يول»غا سىمۋول قىلىنغان مۇنار گەۋدىسىنى بويلاپ يۇقىرىغا ئۆرلەپ، «بەش چوڭ قىتئە» شەكلىدىكى مۇنار چوققىسىدا لاۋۇلداپ ياندى.

«دېڭىزدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن كەپتەرلەرنىڭ قۇم بارخانلىرىدا خاتىرجەم ئۇخلىشى ئۈچۈن، ئاسماننى كېسىپ ئۆتكەن زەمبىرەك ئوقىنىڭ مەڭگۈ توختاپ قېلىشى ئۈچۈن، قىلىچلار ساپان بولسا، مىلتىق ۋە زەمبىرەكلەر ئېگىلىپ قالسىكەن دەيمەن...» باش تېما ناخشىسى «تىنچلىق مەشئىلى»نىڭ ياڭرىشى بىلەن كۆتۈرۈلگەن قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە، 7 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتى.

42 دۆلەتنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرى تارماقلىرى ۋە ئارمىيە رەھبەرلىرى تەكلىپكە بىنائەن باشلىنىش مۇراسىمغا قاتناشتى.

7 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى سۈن چۈنلەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇدىرى دىڭ شۆشياڭ باشلىنىش مۇراسىمغا قاتناشتى.

دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى خەلقئارا ھەربىي ئىشلار تەنھەرىكەت كېڭىشى ئۇيۇشتۇرغان دۇنيادىكى ھەربىيلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەمدىكى چوڭ تىپتىكى ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى. 7 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ھەربىي ئىشلار بەش تۈرى، دېڭىز ئارمىيەسى بەش تۈرى، ھاۋا ئارمىيەسى بەش تۈرى، نىشانلىق دالا تەنھەرىكىتى، پاراشوت بىلەن سەكرەش قاتارلىق 27 چوڭ تۈر، 329 كىچىك تۈردە مۇسابىقە تەسىس قىلىنغان. 7 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئاخىرلىشىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى تىنچلىقنى خاتىرىلەش ئۈچۈن دۇنياغا كەلگەن، دوستلۇقنى تارقاتقانلىقى سەۋەبىدىن راۋاجلانغان بولۇپ، ھەرقايسى دۆلەت ئارمىيەلىرى ئوبرازىنى نامايان قىلىدىغان، دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، تەسىرنى كېڭەيتىدىغان مۇھىم سۇپىغا ئايلىنىپ، «ھەربىيلەر ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى» دېگەن چىرايلىق نامغا ئىگە بولۇپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى. 2015 ـ يىلى 5 ـ ئايدا 7 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشنى ئىلتىماس قىلىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە ئارمىيەسى «يېشىل، ھەمبەھىر، ئوچۇق، پاك بولۇش» ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، دۇنياۋى نەزەر، ئولىمپىك تەپەككۇرى، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، مۇسابىقىنىڭ تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى يۇقىرى ئۆلچەم، يۇقىرى سۈپەتتە تاماملىدى. بۇ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ھەربىيلەرنىڭ شان ـ شەرىپىنى يارىتىش، دۇنيا تىنچلىقىنى بەرپا قىلىش» باش تېما شوئارىدا دەل ھەرقايسى دۆلەت ماھىرلىرىنىڭ جان تىكىپ كۈرەش قىلىدىغان تەنھەرىكەت روھىنى تولۇق نامايان قىلىشى، تەنھەرىكەتنىڭ نۇرى ئارقىلىق ئۇرۇش ئىس ـ تۈتەكلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈشى، دوستلۇق كۆۋرۈكى ئارقىلىق مەدەنىيلىك ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈشى، قەلبلەرنى يۇغۇرۇش ئارقىلىق تىنچلىق كۈچلىرىنى مۇجەسسەملىشى ئۈمىد قىلىنغان.

بىز تىرىشىپ بۇ نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ھەرقايسى دۆلەت ھەربىيلىرى ئادىل مۇسابىقىلىشىدىغان تىنچلىق يىغىلىشىغا، ھەرقايسى دۆلەتلەر ھەربىي ئىشلار مەدەنىيىتىنى ئالماشتۇرىدىغان، ئۆزئارا ئۆگىنەك ئالىدىغان خەلقئارالىق كاتتا مەرىكىگە ئايلاندۇرىمىز.

شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: جۇڭگو ئارمىيەسى بۇ نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى پۇرسەت بىلىپ، خەلقئارا ھەربىي ئىشلار ھەمكارلىقىدا يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشقا ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولۇپ، ھەرقايسى دۆلەت ئارمىيەلىرى بىلەن بولغان ئالاقە ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، خەلقئارا مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئۈنۈملۈك ئادا قىلىپ، قول تۇتۇشۇپ ئورتاق خەۋپسىزلىك تەھدىتى ۋە خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇپ، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن يېڭى تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مەن كۆپچىلىكنىڭ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ۋە جۇڭگو ئارمىيەسى بىلەن تېخىمۇ كۆپ ئۇچرىشىپ، چۈشىنىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ قىزغىن دوستلۇقىنى بىۋاستە ھېس قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈشىگە تىلەكداشمەن، ھەرقايسى دۆلەت ۋەكىللەر كوماندىلىرىنىڭ مۇسابىقىدە ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىشى، سەۋىيەسىنى نامايان قىلىشى ۋە دوستلۇقنى نامايان قىلىشىغا تىلەكداشمەن. كۆپچىلىكنىڭ پات ئارىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان 9 ـ نۆۋەتلىك بېيجىڭ شياڭشەن مۇنبىرىگە قاتنىشىشنى قارشى ئالىمەن، كۆپچىلىكنىڭ بىرلىكتە ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەپ، تىرىشىپ دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئەقىل ـ پاراسىتىنى بېغىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

كامبودژانىڭ مۇئاۋىن باش ۋەزىرى، قوشۇمچە دۆلەت مۇداپىئە ۋەزىرى دىبەن شاڭجىياڭ ۋە خەلقئارا ھەربىي ئىشلار تەنھەرىكەت كېڭىشىنىڭ رەئىسى پىچىرىلو شاڭشياۋ ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مۇداپىئە تارماقلىرى ۋە ئارمىيە رەھبەرلىرى ھەم خەلقئارا ھەربىي ئىشلار تەنھەرىكەت كېڭىشىگە ۋاكالىتەن، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ ۋاقىت چىقىرىپ كۆرۈشكەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى. ئۇلار مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو ئارمىيەسىنىڭ خەلقئارا ھەربىي ئىشلار تەنھەرىكىتى ئىشلىرىغا قوشقان مۇھىم تۆھپىسىگە يۈكسەك ئاپىرىن ئېيتىمىز، 7 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ تەييارلىق خىزمىتى يۇقىرى ئۈنۈملۈك، تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىپتۇ، بۇ قېتىمقى كاتتا مەرىكىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا چىن دىلىمىزدىن تىلەكداشمىز. ھەرقايسى تەرەپلەر جۇڭگو بىلەن ھەربىي ئىشلار تەنھەرىكىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇداپىئە ئىشلىرى ۋە ھەربىي ئىشلار ساھەسىدىكى ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، رايون ۋە دۇنيا تىنچلىقىنى ئورتاق قوغداپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

كۆرۈشۈشتىن بۇرۇن، شى جىنپىڭ 7 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىدىغان ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مۇداپىئە تارماقلىرى ۋە ئارمىيە رەھبەرلىرى ھەم خەلقئارا ھەربىي ئىشلار تەنھەرىكەت كېڭىشىنىڭ ئاساسلىق ئەمەلدارلىرى بىلەن كوللېكتىپ سۈرەتكە چۈشتى.

7 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شۈ چىلياڭ، 7 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى سۈن چۈنلەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇدىرى دىڭ شۆشياڭ قاتارلىقلار كۆرۈشۈشتە بىللە بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دائىمىي يىغىن ئاچتى

مۇخبىرىمىز **يۈەن لېي** خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا دۆلەت دەرىجىلىك ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونلىرىنى ئېچىۋېتىشتە يېڭىلىق يارىتىشنى تېزلىتىش، ئۈچ ياشتىن كىچىك بوۋاقلار، باللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مۇلازىمىتى، ساغلام شىنجاڭ ھەرىكىتى قاتارلىق قارارلار تەتقىق قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: دۆلەت دەرىجىلىك ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونلىرىنى ئېچىۋېتىشتە يېڭىلىق يارىتىشنى تېزلىتىش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كەسىپلەرنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار، ئورۇنلار شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «1 + 3 + 3 + ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى بەرپا قىلىشنى يادرو، تەرەققىياتنى ئاشۇرۇشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، مۇقىملىقنىڭ پايدىسىدىن سىجىل ياخشى پايدىلىنىپ، ھەقىقىي تۈردە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونلىرىنى ئېچىۋېتىشتە يېڭىلىق يارىتىش، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، تاشقى ھەمكارلىق سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى ئېگىزلىكىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئۈچ ياشتىن كىچىك بوۋاقلار، باللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مۇلازىمىتى ھاياتلىق دەۋرىيلىكى مۇلازىمىتىنى باشقۇرۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار، ئورۇنلار خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئېھتىياج ۋە مەسىلىنى يۆنىلىش قىلىپ، بوۋاقلار،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

خېلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ، نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەكشۈردى

مۇخبىرىمىز **شيې خۇيبىيەن** خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە، خېلۇڭجياڭ ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى چېن خەيبو خېلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئىككى جاينىڭ ھەمكارلىقى، ئالماشتۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن سۆھبەت يىغىنى ۋە ئالاقىدار پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، خېلۇڭجياڭ·ئالتاي ۋە بىڭتۇەن 10 ـ شىسى نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى 10 ـ شى بېيتۈن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. چېن خەيبو مۇنۇلارنى بىلدۈردى: شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئىستراتېگىيەلىك تەدبىر. بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىگە يەنىمۇ تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشىمىز.

چېن خەيبو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى تەلەپكە دۇچ كەلدى، سىياسىي يۇكسەكلىكنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، يۈكسەك سىياسىي ئاڭلىقلىق ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقى بىلەن تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى سىجىل ياخشى تۇتۇش كېرەك. شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىدە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا سىجىل تۈرتكە بولۇپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى
69 ـ قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 69 ـ قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئېچىپ، تۆت تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تۆت مۇئاۋىن مۇدىرى ئەترەت باشلاپ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئېچكىرى رايونلاردىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كۆپ قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە بېرىپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ باش تېما تەربىيەسىنى
ئالغا سىلجىتىش سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى

مۇخبىرلىرىمىز **يۈەن لېي، جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى ئالغا سىلجىتىش سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقى،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)